مۇقەددەس كىتاب

# يۇھاننا

يازغان

بىرىنچى خەت

62

# يۇھاننا يازغان
# بىرىنچى خەت

مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
(ئىنجىل)
23-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت

## ھايات سۆزى

1 [1] دەسلەپتىن بولغان سۆزدىن خەۋەر بېرىپ، ئۆزىمىز ئاڭلاپ، ئۆز كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ
كۆزىتىپ، قوللىرىمىز بىلەن تۇتقىنىمىز توغرىسىدىن، دەرۋەقە تىرىكلىكنىڭ سۆزى
توغرىسىدىن سۆزلەيمىز. [2] چۈنكى تىرىكلىك ئاشكارا بولدى ۋە بىز كۆرۈپ گۇۋاھلىق بېرىپ،
ئاتا بىلەن بولۇپ بىزگە ئاشكارا بولغان ئەبەدىي تىرىكلىكنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. [3] بىز
بىلەن شېرىكلىكتىكىلار بولغاي دەپ، كۆرۈپ ئاڭلىغىنىمىزنى سىلەرگە ھەم يەتكۈزىمىز ۋە
بىزنىڭ شېرىكلىكىمىز ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىلەندۇر. [4] خۇشلۇقىمىز كامىل
بولماق ئۈچۈن بۇنى پۈتىمىز.

## خۇدانىڭ نۇرىدا يۈرۈش

[5] بىز ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ سىلەرگە يەتكۈزىدىغان خەۋىرىمىز شۇدۇركى، خۇدا نۇردۇر ۋە ئۇنىڭدا
ئەسلا قاراڭغۇلۇق يوقتۇر. [6] ئەگەر: «ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىكىمىز بار» دەپ قاراڭغۇلۇقتا
يۈرسەك، يالغان ئېيتىپ ھەقىقەتنى قىلمايمىز. [7] لېكىن ئۇ ئۆزى نۇردا بولغاندەك ئۆزىمىز
نۇردا يۈرسەك، بىر-بىرىمىز بىلەن شېرىكلىكىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسانىڭ قېنى بىزنى
ھەر گۇناھتىن پاكىز قىلىدۇ.
[8] ئەگەر گۇناھىمىز يوقتۇر دېسەك، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدايمىز ۋە بىزدە ھەقىقەت يوقتۇر.
[9] گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىلى ۋە بىزنى بارچە
ھەقسىزلىقتىن پاكىز قىلغىلى ئىشەنچلىك ۋە ئادىلدۇر. [10] ئەگەر گۇناھ قىلمىدۇق دېسەك،
ئۇنى يالغانچى قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ سۆزى بىزدە يوقتۇر.

2 [1] ئەي باللىرىم، گۇناھ قىلمىغايسىلەر دەپ، سىلەرگە شۇنى پۈتتۈم. ۋە ئەگەر بىرىكىم گۇناھ
قىلغان بولسا، ئاتىنىڭ ئالدىدا بىر شاپائەت قىلغۇچىمىز، يەنى ئادىل بولغان ئەيسا مەسىھ
باردۇر. [2] ئۇ ئۆزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن كاپارەتتۇر ۋە يالغۇز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز
ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كاپارەتتۇر.
[3] ئەگەر ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتساق، ئۇنى تونۇغىنىمىزنى شۇنىڭ بىلەن بىلىمىز. [4] ھەركىم
ئۇنى تونۇيمەن دېسە، لېكىن ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتمىسا، ئۇ ئۆزى يالغانچى بولۇپ ئۇنىڭدا

ھەقىقەت يوقتۇر. [5] لېكىن كىمكى ئۇنىڭ سۆزىنى ساقلىسا، بەرھەق، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ
مۇھەببىتى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا بولغىنىمىزنى بىلىمىز.
[6] ئۇنىڭدا تۇرۇپ ياشايمەن دېگەن كىشىنىڭ ئۇ ئۆزى يۈرگەندەك يۈرمىكى كېرەكتۇر.
[7] ئەي ئامراقلار، سىلەرگە بىر يېڭى ئەمر پۈتمىدىم، لېكىن دەسلەپتىن سىلەردە بار بولغان
كونا ئەمرنى پۈتتۈم. ئۇشبۇ كونا ئەمر سىلەر ئاڭلىغان سۆزدۇر. [8] لېكىن يېڭى بىر ئەمرنى
ھەم سىلەرگە پۈتىمەن ۋە بۇ ئۆزى ئۇنىڭدا ۋە سىلەردە ھەقتۇر، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۆتتى ۋە
ھەقىقىي نۇر ئەمدى يورۇيدۇ. [9] ھەركىم: «مەن نۇردىدۇرمەن» دېسە، لېكىن ئۆز بۇرادىرىنى
يامان كۆرسە، ئۇ ئۆزى بۇ چاغقىچە قاراڭغۇلۇقتىدۇر. [10] كىمكى ئۆز بۇرادىرىنى دوست تۇتسا،
نۇردا تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدا تايدۇرۇش سەۋەبى يوقتۇر. [11] لېكىن كىمكى ئۆز بۇرادىرىنى يامان
كۆرسە، قاراڭغۇلۇقتىدۇر ۋە قاراڭغۇلۇقتا يۈرۈپ، نە يەرگە بارىدىغىنىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى
قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلغان.

[12] ئەي باللىرىم، سىلەرگە پۈتىمەن، چۈنكى سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار ئۇنىڭ ئىسمى ئۈچۈن
كەچۈرۈلگەن.
[13] ئەي ئاتىلار، سىلەرگە پۈتىمەن، چۈنكى دەسلەپتىن بار بولغۇچىنى تونۇدۇڭلار. ئەي يىگىتلەر،
سىلەرگە پۈتىمەن، چۈنكى يامان بولغۇچىنى باستىڭلار. [14] ئەي باللىرىم، سىلەرگە پۈتتۈم،
چۈنكى ئاتىنى تونۇدۇڭلار.
ئەي ئاتىلار، سىلەرگە پۈتتۈم، چۈنكى دەسلەپتىن بار بولغۇچىنى تونۇدۇڭلار.
ئەي يىگىتلەر، سىلەرگە پۈتتۈم، چۈنكى كۈچلۈكتۇرسىلەر ۋە خۇدانىڭ سۆزى سىلەردە تۇرۇپ
قالىدۇ ۋە يامان بولغۇچىنى باستىڭلار.
[15] دۇنيانى ۋە دۇنيادا بار نەرسىلەرنى دوست تۇتماڭلار. ئەگەر بىر ئادەم دۇنيانى دوست تۇتسا،
ئۇنىڭدا ئاتىنىڭ مۇھەببىتى يوقتۇر. [16] چۈنكى دۇنيادىكىنىڭ ھەممىسى، يەنى جىسمىنىڭ
شەھۋىتى ۋە كۆزلەرنىڭ شەھۋىتى ۋە دۆلەتنىڭ كىبىر-ھەۋىسى ئاتىدىن ئەمەس، بەلكى
دۇنيادىندۇر. [17] ئەمما دۇنيا ۋە ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى يوقىلىدۇ، لېكىن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى
قىلغۇچى ئەبەدكىچە تۇرۇپ قالىدۇ.

## دەججال ئاتىنى ۋە ئوغۇلنى ئىنكار قىلىدۇ

[18] ئەي باللىرىم، ئاخىرقى ۋاقىت بولۇپ قالدى ۋە دەججالنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلىغىنىڭلاردەك
ئەمدى تولا دەججاللار قوپتى. بۇنىڭدىن ئاخىرقى ۋاقىتنىڭ كەلگىنىنى بىلىمىز. [19] ئۇلار
بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقتى، لېكىن بىزدىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر بىزدىن بولغان بولسا، بىز
بىلەن قالاتتى. لېكىن بىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى بىزدىن بولمىغىنى ئاشكارا بولماق
ئۈچۈن بۇلار بىزدىن چىقىپ كەتتى. [20] ئەمما سىلەردە مۇقەددەس بولغۇچىنىڭ تەرىپىدىن

مەسىھلەش يېغى بولۇپ، ھەممەڭلارنىڭ بىلىشى بار. [21] ھەقىقەتنى بىلمىگىنىڭلار ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىلىپ، ھېچ يالغانچىلىقنىڭ ھەقىقەتتىن بولمىغىنىنى بىلگىنىڭلار
ئۈچۈن سىلەرگە پۈتتۈم. [22] يالغانچى كىمدۇر؟ ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان
كىشى ئەمەسمۇ؟ ئاتىنى ۋە ئوغۇلنى ئىنكار قىلغان كىشى ئۆزى دەججالدۇر. [23] ئوغۇلنى
ئىنكار قىلغان كىشىدە ئاتا ئۆزى ھەم بولمايدۇ. ئوغۇلنى ئېتىراپ قىلغان كىشىدە ئاتا ئۆزى
ھەم بولىدۇ. [24] دەسلەپتىن ئۆز ئاڭلىغىنىڭلار سىلەردە تۇرۇپ قالسۇن. ئەگەر دەسلەپتىن
ئاڭلىغىنىڭلار سىلەردە تۇرۇپ قالسا، سىلەر ھەم ئوغۇلدا ۋە ئاتىدا تۇرۇپ قالىسىلەر [25] ۋە ئۇ
ئۆزى بىزگە قىلغان ۋەدە شۇ، يەنى ئەبەدىي تىرىكلىكتۇر.
[26] سىلەرنى ئازدۇرغۇچىلار جەھەتىدىن بۇنى سىلەرگە پۈتتۈم. [27] سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭ
تەرىپىدىن قوبۇل قىلغان مەسىھلىنىشىڭلار سىلەردە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ھېچكىمنىڭ سىلەرگە
ئۆگىتىشىگە موھتاج ئەمەسسىلەر، بەلكى شۇ مەسىھلەش ئۆزى سىلەرگە ئۆگەتكەن ھەر نەرسە
يالغان بولماي، ھەقىقەتتۇر. ئۇ سىلەرگە ئۆگەتكەندەك ئۇنىڭدا تۇرۇپ قېلىڭلار.

## خۇدانىڭ باللىرى

[28] ئەمدى، ئەي باللىرىم، ئۇنىڭدا تۇرۇپ قېلىڭلار. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى ئاشكارا بولغاندا
خاتىرجەملىكىمىز بولغاي ۋە ئۇنىڭ كېلىشىدە ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ قالمىغايمىز.
[29] ئۇنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، ھەركىم ئادالەت قىلسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغاندۇر دەپ
بىلىڭلار.

3 [1] ئاتىنىڭ بىزگە قانچە مۇھەببەت كۆرسەتكىنىگە قاراڭلار. مانا خۇدانىڭ باللىرى دەپ
ئاتىلىمىز ۋە شۇنداقتۇرمىز. شۇ ۋەجىدىن دۇنيا بىزنى تونۇمايدۇ، چۈنكى ئۇنى تونۇمىدى.
[2] ئەي ئامراقلار، ھازىر خۇدانىڭ باللىرىدۇرمىز ۋە مۇندىن كېيىن نېمە بولىدىغىنىمىز تېخى
ئاشكارا ئەمەس. لېكىن بىلىمىزكى، ئۇ ئۆزى ئاشكارا بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىمىز،
چۈنكى ئۇنى ئۆزىدىكىدەك كۆرىمىز. [3] كىمدە ئۇنىڭغا شۇ ئۈمىد بولسا، مەسىھ پاك ئىكەندەك
ئۆزىنى پاكىز قىلىدۇ. [4] ھەركىم گۇناھ قىلسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە گۇناھ ئۆزى قانۇنغا
خىلاپلىق. [5] بىلىمىزكى، ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن ئاشكارا بولدى ۋە
ئۇنىڭدا ھېچ گۇناھ يوقتۇر. [6] ھەركىم ئۇنىڭدا تۇرۇپ قالسا، گۇناھ قىلمايدۇ ۋە ھەركىمكى
گۇناھ قىلسا، ئۇنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنى تونۇمىغان بولىدۇ. [7] ئەي باللىرىم، ھېچكىم سىلەرنى
ئازدۇرمىسۇن. ئادالەت قىلغۇچى مەسىھ ئۆزى ئادىل بولغانىدەك ئادىلدۇر.
[8] گۇناھ قىلغۇچى ئىبلىستىندۇر، چۈنكى ئىبلىس دەسلەپتىن تارتىپ گۇناھ قىلىدۇ. بۇ
جەھەتتىن خۇدانىڭ ئوغلى ئاشكارا بولدىكى، ئىبلىسنىڭ ئىشلىرىنى يوقاتقاي.
[9] ھەركىم خۇدادىن تۇغۇلغان بولسا، گۇناھ قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدا تۇرۇپ

قالىدۇ ۋە خۇدادىن تۇغۇلغىنى ئۈچۈن گۇناھ قىلالمايدۇ. [10] شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ بالىلىرى
ۋە ئىبلىسنىڭ بالىلىرى پەرق ئېتىلىدۇ. كىمكى ئادالەت قىلمىسا ۋە ئۆز بۇرادىرىنى دوست
تۇتمىسا، خۇدادىن ئەمەس.

## بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتايلى

[11] چۈنكى ئۆزىمىز دەسلەپتىن ئاڭلىغان ئەمىر شۇكى، بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتقايمىز.
[12] يامانىدىن بولۇپ، ئۆز بۇرادىرىنى قاتىللىق قىلغان قايىنغا ئوخشىمىغايمىز. نېمىشقا ئۇنى
قاتىللىق قىلدى؟ ئۆز ئەمەللىرى يامان ۋە بۇرادىرىنىڭ ئەمەللىرى ئادىل بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى
قاتىللىق قىلدى ئەمەسمۇ؟ [13] ئەي بۇرادەرلەر، دۇنيا سىلەرنى يامان كۆرسە، ئەجەبلەنمەڭلار.
[14] ئۆلۈمدىن تىرىكلىككە ئۆتكىنىمىزنى بىلىمىز، چۈنكى بۇرادەرلەرنى دوست تۇتىمىز.
مۇھەببەت قىلمايدىغان كىشى ئۆلۈمدە قالىدۇ. [15] ھەركىم ئۆز بۇرادىرىنى يامان كۆرسە،
ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدۇر ۋە ھېچبىر ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدە ئەبەدىي تىرىكلىكنىڭ بولمىغىنىنى
بىلىسىلەر. [16] مەسىھ ئۆز جېنىنى بىزگە قويغىنى بىلەن مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلىمىز. بىز ھەم بۇرادەرلەر ئۈچۈن ئۆز جانلىرىمىزنى قويغىلى قەرزداردۇرمىز. [17] ئەمما
بىركىمنىڭ دۇنياۋى دۆلىتى بولسا ۋە ئۆز بۇرادىرىنىڭ موھتاج تارتقىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى
ئۇنىڭدىن يىغسا، خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭدا قانداق تۇرۇپ قالىدۇ؟
[18] ئەي بالىلىرىم، سۆز بىلەن ياكى تىل بىلەن ئەمەس، ئەمەل بىلەن ۋە ھەقىقەت بىلەن دوست
تۇتايلى. [19] بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتتىن بولغىنىمىزنى بىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا كۆڭۈللىرىمىزنى
ئۇنىتالايمىز. [20] ئەمما كۆڭلىمىز بىزنى ئەيىبلىسە، خۇدا كۆڭۈللىرىمىزدىن ئۇلۇغ بولۇپ ھەر
نەرسىنى بىلىدۇ. [21] ئەي ئامراقلار، ئەگەر كۆڭلىمىز بىزنى ئەيىبلىمىسە، خۇدانىڭ ئالدىدا
جۈرئەتىمىز بولىدۇ [22] ۋە ھەرنېمە تىلىسەك ئۇنىڭدىن تاپىمىز، چۈنكى ئەمرلىرىنى تۇتۇپ،
ئۇنىڭ ئالدىدا مەقبۇل بولغىنىنى قىلىمىز. [23] ئۇنىڭ ئەمرى شۇدۇركى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا
مەسىھنىڭ ئىسمىغا ئىشىنىپ، بىزگە ئەمر بەرگىنىدەك بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتىشىمىزدىن
ئىبارەتتۇر. [24] ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتقان كىشى خۇدادا ۋە خۇدا ئۇنىڭدا تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ
بىزدە تۇرۇپ قالغىنىنى بىزگە بەرگەن روھىدىن بىلىمىز.

## روھلارنى سىناق قىلىش

4 [1] ئەي ئامراقلار، ھەر روھقا ئىشەنمەڭلار، بەلكى روھلارنى خۇدادىنمۇ دەپ سىناق قىلىڭلار.
چۈنكى تولا ساختا پەيغەمبەرلەر دۇنياغا چىققاندۇر. [2] خۇدانىڭ روھىنى شۇنىڭدىن
بىلىسىلەركى، ھەر روھ ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمىدە كەلگىنىنى ئېتىراپ قىلسا، خۇدادىندۇر

3 ۋە ئەيسانى ئېتىراپ قىلمىغان روھ خۇدادىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى دەججالنىڭ روھىدۇر.
ئۇنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلىغانىدىڭلار ۋە ئۇ ھازىرمۇ دۇنيادا باردۇر. 4 ئەي باللىرىم، سىلەر
خۇدادىن بولۇپ، ئۇلارغا غالىب بولدۇڭلار. چۈنكى سىلەردە بولغۇچى دۇنيادا بولغۇچىدىن
ئۇلۇغراقتۇر. 5 ئۇلار دۇنيادىندۇر. بۇ ۋەجىدىن ئۇلار دۇنيادىن سۆزلەيدۇ ۋە دۇنيا ئۇلارنى
ئاڭلايدۇ. 6 بىزلەر خۇدادىندۇرمىز. كىمكى خۇدانى تونۇسا، بىزنى ئاڭلايدۇ ۋە كىمكى خۇدادىن
بولمىسا، بىزنى ئاڭلىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنىڭ روھىنى ۋە ئېزىقتۇلۇقنىڭ روھىنى
پەرق ئېتەلەيمىز.

## مۇھەببەت خۇدادىندۇر

7 ئەي ئامراقلار، بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتايلى، چۈنكى مۇھەببەت خۇدادىندۇر. ھەركىم
مۇھەببەت قىلسا، خۇدادىن تۇغۇلغان بولىدۇ ۋە خۇدانى تونۇيدۇ. 8 كىمكى مۇھەببەت
قىلمىسا، خۇدانى تونۇمىغان بولىدۇ، چۈنكى خۇدا ئۆزى مۇھەببەتتۇر. 9 خۇدانىڭ بىزگە بولغان
مۇھەببىتى شۇنىڭ بىلەن ئاشكارا بولدىكى، بىز ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تىرىكلىك تاپقايمىز
دەپ، خۇدا ئۆز يالغۇز ئوغلىنى دۇنياغا ئەۋەتتى. 10 مۇھەببەت شۇنىڭدىدۇر، يەنى بىزلەر خۇدانى
دوست تۇتقىنىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى بىزنى دوست تۇتۇپ، گۇناھلىرىمىزنىڭ
كاپارىتى ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتكىنى بىلەن مۇھەببەت بەرقاراردۇر. 11 ئەي ئامراقلار، خۇدا
بىزنى شۇنداق دوست تۇتقان بولسا، بىز ھەم بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتقىلى قەرزداردۇرمىز.
12 خۇدانى ئەسلا ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. بىر-بىرىمىزنى دوست تۇتساق، خۇدا بىزدە تۇرۇپ
قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىزدە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.
13 بىز ئۇنىڭدا ۋە ئۇ بىزدە تۇرۇپ قېلىشنى ئۆز روھىدىن بىزگە بەرگىنىدىن بىلىمىز. 14 بىز كۆرۈپ
گۇۋاھلىق بەردۇقكى، ئاتا ئۆزى ئوغۇلنى دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولغىلى ئەۋەتتى. 15 ئەيسا
خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىراپ قىلغان كىشىدە خۇدا تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇ ئۆزى خۇدادا تۇرۇپ قالىدۇ.
16 بىز خۇدانىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەندۇق. خۇدا مۇھەببەتتۇر. ۋە
كىمكى مۇھەببەتتە تۇرۇپ قالسا، خۇدادا تۇرۇپ قالىدۇ ۋە خۇدا ئۇنىڭدا تۇرۇپ قالىدۇ.
17 شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت بىزدە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم كۈنىدە
جۈرئەتىمىز بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بولغانىدەك، بىزمۇ دۇنيادىدۇرمىز. 18 مۇھەببەتتە قورقۇنچ
يوقتۇر، بەلكى كامىل مۇھەببەت قورقۇنچنى چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى قورقۇنچتا جازانىڭ
ئەنسىزلىكى بار ۋە قورقىدىغان كىشى مۇھەببەتتە كامالەتكە يەتمىگەن بولىدۇ. 19 بىز دوست
تۇتىمىز، چۈنكى ئاۋۋال ئۇ بىزنى دوست تۇتتى. 20 بىركىم: «خۇدانى دوست تۇتىمەن» دېسە،
لېكىن ئۆز بۇرادىرىنى يامان كۆرسە، يالغانچىدۇر. چۈنكى بىركىم ئۆزى كۆرگەن بۇرادىرىنى
دوست تۇتمىسا، ئۆزى كۆرمىگەن خۇدانى قانداق دوست تۇتالايدۇ؟ 21 كىمكى خۇدانى دوست
تۇتسا، ئۆز بۇرادىرىنى ھەم دوست تۇتسۇن دەپ، شۇ ئەمر ئۇنىڭدىن بىزگە كەلدى.

## خۇدانىڭ ئوغلى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق

5 [1] ھەركىم ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، خۇدادىن تۇغۇلغان بولىدۇ ۋە ھەركىم
تۇغدۇرغۇچىنى دوست تۇتسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغاننى ھەم دوست تۇتىدۇ. [2] ئۇنىڭ ئۇچۇن
خۇدانى دوست تۇتۇپ ئەمرلىرىنى ساقلىساق، خۇدانىڭ باللىرىنى دوست تۇتقىنىمىزنى
بىلىمىز. [3] خۇداغا قىلغان مۇھەببەت شۇنىڭدىدۇركى، بىز ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتىمىز ۋە
ئۇنىڭ ئەمرلىرى ئېغىر ئەمەستۇر. [4] چۈنكى خۇدادىن تۇغۇلغانىنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ
ئۈستىگە غالىب بولىدۇ ۋە دۇنيانى مەغلۇپ قىلغان نۇسرەت ئۆز ئىمانىمىزدۇر. [5] دۇنيانى
مەغلۇپ قىلىدىغان كىمدۇر؟ ئەيسانىڭ ئىبن ئاللا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشى ئەمەسمۇ؟
[6] ئۇ ئۆزى، يەنى ئەيسا مەسىھ، سۇ ۋە قان بىلەن كەلدى. ئۇ يالغۇز سۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى
ھەم سۇ بىلەن، ھەم قان بىلەن كەلدى. بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى روھتۇر، چۈنكى روھ ئۆزى
ھەقىقەتتۇر. [7] چۈنكى گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر ئۈچ: [8] يەنى روھ، سۇ ۋە قاندۇر ۋە بۇ ئۈچ بىردۇر.
[9] ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلساق، خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى چوڭراق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى
خۇدانىڭ گۇۋاھلىقى شۇدۇركى، ئۇ ئۆز ئوغلى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن. [10] خۇدانىڭ
ئوغلىغا ئىشەنگەن كىشى ئۆز ئىچىدە شۇ شاھادەتنى تاپىدۇ. لېكىن خۇداغا ئىشەنمىگەن كىشى
ئۇنى يالغانچى قىلغان بولىدۇ، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى توغرىسىدا بەرگەن شاھادىتىگە
ئىشەنمىگەن بولىدۇ. [11] شاھادەت شۇدۇركى، خۇدا بىزگە ئەبەدىي تىرىكلىك بەردى ۋە بۇ تىرىكلىك
ئۇنىڭ ئوغلىدىدۇر. [12] ئوغۇل ئۆزى كىمدە بولسا، ئۇنىڭدا تىرىكلىك بار، خۇدانىڭ ئوغلى كىمدە
بولمىسا، ئۇنىڭدا تىرىكلىك يوقتۇر.

## ئاخىرقى تەلىم

[13] سىلەر خۇدانىڭ ئوغلىغا ئىشەنگەنلەرگە، ئۆزۈڭلاردا ئەبەدىي تىرىكلىك بار ئىكەننى
بىلگەيسىلەر دەپ، بۇنى پۈتتۈم.
[14] ئۇنىڭغا بولغان ئېتىمادىمىز شۇكى، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق بىر نېمىنى تىلىسەك،
ئۇ بىزنى ئاڭلايدۇ. [15] ھەرنېمە تىلىگىنىمىزنى ئاڭلايدۇ دەپ بىلسەك، دۇئايىمىزدا ئۇنىڭدىن
تىلىگىنىمىزنى تاپتۇق دەپ بىلىمىز.
[16] بىر كىشى ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەب بولمايدىغان شەرت بىلەن گۇناھ قىلغىنىنى
كۆرسە، دۇئا قىلسۇن ۋە ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان گۇناھ بولمىسا، خۇدا ئۇنىڭغا تىرىكلىك
بېرىدۇ. ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان گۇناھ باردۇر. شۇنىڭ توغرىسىدىن دۇئا قىلىڭلار دەپ
ئېيتمايمەن. [17] ھەممە ھەقسىزلىق گۇناھتۇر، ئەمما ئۆلۈمگە سەۋەب بولمايدىغان گۇناھ
باردۇر.
[18] خۇدادىن تۇغۇلغان ھەربىرىنىڭ گۇناھ قىلمىغىنىنى بىلىمىز، بەلكى خۇدادىن تۇغۇلغان

كىشى ئۆزىنى ساقلايدۇ ۋە يامان بولغۇچى ئۆزى ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ. [19] خۇدادىن بولغىنىمىزنى
بىلىمىز، ئەمما پۈتۈن دۇنيا يامان بولغۇچىنىڭ ھوقۇقى ئاستىدىدۇر. [20] ئەمما بىلىمىزكى،
ئىبن ئاللا كېلىپ، ھەق بولغۇچىنىڭ ئۆزىنى تونۇغىلى بىزگە ئەقىل بەردى. ۋە بىز ھەق
بولغۇچىنىڭ ئۆزىدە، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھتىدۇرمىز. بۇ ئۆزى ھەقىقىي خۇدا ۋە
ئەبەدىي تىرىكلىكتۇر.
[21] ئەي باللار، ئۆزۈڭلارنى بۇتلاردىن ساقلاڭلار.